# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
30
چارشەنبە
维吾尔文 9 月30日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25200 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇۋەن فۇجۇڭ ۋە ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇۋەن فۇجۇڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو - ۋيېتنام ئىككى دۆلەت خەلقلىرى جۇڭچيۇ كاتتا بايرىمىنى ئورتاق تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، يولداش باش شۇجى رۇۋەن فۇجۇڭ بىلەن تېلېفونلاشقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، جۇڭگو - ۋيېتنام ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت بىر - بىرىنى قوللاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 23 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

## جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن دۆلىتىمىز ئارخېئولوگىيەسىدىكى ئەڭ يېڭى بايقاشلار ھەم ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا 23 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى جۇڭگو كەڭ ھەم چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق ياراتماقتا. بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشىمىز جەزمەن تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى، جەزمەن تارىخىي توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش قۇرۇلۇشى ۋە «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسى» مۇھىم، زور تۈرىنىڭ مۇتەخەسسىسى چېن شىڭسەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئارخېئولوگىيە خىزمىتى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەدەنىيەت كەسپى، شۇنداقلا بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت. ئارخېئولوگىيە خىزمىتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھەرلىرىنى نامايان قىلىدىغان ۋە بەرپا قىلىدىغان مۇھىم خىزمەت. تارىخنى تونۇش ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولايلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىگە يۈكسەك باھا بەردى، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىش ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، «قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەزمەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، كىشىلەر قەلبىنى ئۇتۇشنى زىچ چۆرىدەپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى، «تەرەققىياتنى تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

## پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى كۈتۈۋېلىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

### چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشنى پۇرسەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىستاتىستىكا خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

## ئىستاتىستىكا ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىستاتىستىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### چېن چۇەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىستاتىستىكا خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يىغىندىن بۇرۇن، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستاتىستىكا خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىستاتىستىكا باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ چىنلىقىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، دۆلىتىمىز ئىستاتىستىكا ئىشلىرىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىستاتىستىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق ۋە تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىستاتىستىكا ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## 2 مىليون 923 مىڭ 200 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى



□制图/新疆日报视觉中心 陈潇

**رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»ىنى سۆزلەش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. 2019 - يىلىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 923 مىڭ 200 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3107 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چىقىپ كەتتى، 22 نامرات ناھىيە قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 1.24%كە چۈشتى. «13 - بەش يىل» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يىرىك پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» تاماملىناي دەپ قالدى، «نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتىنى 3%تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈش» مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

## جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

## ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## «قەلبتىكى تۆت پەسىل —— گۈزەل جۇڭگو» پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆزلۈك، قىشلىق ساياھەت ۋە «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى يېتەكچىلىك قىلغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈيۈشتۇرغان «قەلبتىكى تۆت پەسىل —— گۈزەل جۇڭگو» پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆزلۈك، قىشلىق ساياھەت ۋە «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مىنىستىر لى چۈن پائالىيەتكە قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)